# شىنجاڭ تەشۋىقاتى

# 新疆宣传

7

1992

1992 ـ يىللىق

7 ـ سان

(ئومۇمىي 52 ـ سان)

ئايلىق ژۇرنال

# شىنجاڭ تەشۋىقاتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى

## بۇ ساندا

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە دائىر فۇداۋ پروگراممىسى (داۋامى)

تۆتىنچى باب پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىش ........................................ 1

بەشىنچى باب ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ........................ 21

ئالتىنچى باب پارتىيە رەھبەرلىكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى .................... 48

# تۆتىنچى باب

## پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىش

[مەقسەت ۋە تەلەپ]

ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا تونۇش؛ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىدىن بىۋاسىتە كەلگەن ماركسىزملىق سىياسىي لۇشيەن ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش؛ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسىي قائىدىسىنى بىلىۋېلىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش.

## 1 - بۆلۈم سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى

## 1. ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا تونۇش كېرەك

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيەۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش — پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنىنى توغرا تۈزۈش ۋە توغرا ئىجرا قىلىشنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى. تارىخ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىشتا، ئاۋۋال ئىدىيەۋى لۇشيەننى توغرىلاش كېرەكلىكىنى، ئۇنداق قىلمىغاندا، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتا سەۋەنلىك ۋە ئەگرى - توقايلىق يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. جۇڭگونىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى «ئەمەلىيەت»ى نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى. شۇڭا، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا تونۇش ھەم پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيەۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئىچكى تەلىپى، ھەم ئېلىمىز جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىغا ئىلمىي ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ تۈپ ئاساسى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا تۈزۈشنىڭ ئاساسىي شەرتى.

ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى نېمە؟ يولداش جىياڭ زېمىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە ئاساسەن مۇنداق ئۈچ نۇقتا بار دەپ كۆرسەتتى: «بىرىنچى، نەچچە ئون يىل تىرىشىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، لېكىن، يېڭى جۇڭگونىڭ

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى كونا جۇڭگونىڭ بىرىنچىدىن كەم-
بەغەل، ئىككىنچىدىن ئاق بولغان ھالىتى ئاساسىدا باش-
لانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە نوپۇسى كۆپ، كىشى بېشىغا
توغرا كېلىدىغان بايلىق نىسپىي ھالدا كەمچىل، رايون-
لارنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ تەكشىسىز، ئىقتىسادى، تېخنىكا
ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى ھازىرمۇ بىر قەدەر تۆۋەن، ھازىرقى
باسقۇچتا ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت خەلق
ئاممىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي
مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچى-
قىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. ئىككىنچى،
سىنىپىي كۈرەش ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت
بولۇشتىن قالدى، لېكىن، ئۇ مەلۇم دائىرىدە يەنە، ئۇزاق
مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا مۇئەييەن شارا-
ئىتتا كەسكىنلىشىپ كېتىشى مۇمكىن، بۇنداق كۈرەش
بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپ
ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقتا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ،
كۈرەشنىڭ يادروسى يەنىلا ھاكىمىيەت مەسىلىسى. بۇنداق
كۈرەش خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن بىزنىڭ ئوت-
تۇرىمىزدىكى سىڭىپ كىرىش بىلەن سىڭىپ كىرىشكە قارشى
تۇرۇش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش بىلەن ئاغدۇرمىچىلىققا
قارشى تۇرۇش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەر-
تىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.
ئۇلار ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۈچىنچى،
سوتسىيالىزم تۈزۈمى جۇڭگو زېمىنىدا يىلتىز تارتتى ھەم
ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە نامايان قىلدى،

لېكىن، ئۇ يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن تۈزۈم بولغاچقا، تېخى پىشىپ يېتىلمىدى، مۇكەممەل ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇستقۇرۇلمىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان تەرەپلەر ۋە ھالقىلار تېخى مەۋجۇت، بۇ مەسىلىنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يولى بىلەن پەيدىنپەي ھەل قىلىش لازىم.»

يولداش جياڭ زېمىن ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى يۇقىرىقىدەك يىغىنچاقلىغاندا، تەبىئىي ئامىل بىلەن ئىقتىسادىي ئامىلنى تەھلىل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۇستقۇرۇلما جەھەتلەردە دىئالېكتىك بىرلىك نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغان، بۇ، پارتىيىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىغا بولغان تونۇشىنىڭ تېخىمۇ سىستېمىلاشقان، ئىلمىيلاشقان ۋە نەزەرىيىلەشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزىنىڭ بىرىنچى نۇقتىسىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى يىغىنچاقلانغان. ئېلىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئومۇمىيلىقتىن ئېيتقاندا تېخى بىر قەدەر تۆۋەن، يەنە كېلىپ رايونلارنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ تەكشىسىز، ئىقتىسادى قالاق بولۇشتەك ھالەتتىن ھازىرمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنلىكتىن، ھازىرقى باسقۇچتا ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇ-

رىشىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى بەلگىلەنگەن.
ئىككىنچى نۇقتىسىدا، ئۇستقۇرۇلما ساھەسى، ئاساسلىقى
سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئوبيېكتىپ
ئەمەلىي ئەھۋالى يىغىنچاقلانغان. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى زامان-
ۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى
سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى تارىخىي تەجرىبىلەر ھەمدە سوۋېت
ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى سوتسىيالىستىك
دۆلەتلەرنىڭ تىنچ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىكى ساۋاقلار يەكۈن-
لەنگەن، مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى مەلۇم دائىرىدىكى
سىنىپىي كۈرەشنىڭ يەنە ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ساھەدىكى
ئىپادىسى ھەمدە بۇ خىل كۈرەشنىڭ خەلقئارا دائىرىدىكى
سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل
ئىجتىمائىي تۈزۈم، سوتسىيالىستىك ئىدىيە سىستېمىسى بىلەن
كاپىتالىستىك ئىدىيە سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل
ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىلەن
زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ
كەتكەنلىكى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىلگەن، بۇ ھەم
سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇشتا، ھەم
سىنىپىي كۈرەش يوقالدى نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرۇشتا
ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە
ئىگە. ئۈچىنچى نۇقتىسىدا، ئاساسلىقى ئىقتىسادىي بازىس
شۇنىڭدەك ئۇستقۇرۇلمىدا چېتىلىشلىق تەرەپلەر يىغىنچاق-
لانغان. بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ جۇڭگو

زىمىندا يىلتىز تارتقانلىقىنى كۆرۈشىمىز، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن، مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى، ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈلمىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان بىرمۇنچە تەرەپلەر ۋە ھالقىلارنىڭ بارلىقىنى، شۇڭا بۇ مەسىلىنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يولى بىلەن پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ تولۇق نامايان قىلغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. پارتىيىمىز يۇقىرىقى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنىڭ ئۈچ ئاساسىي تەرىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېلىمىز ھازىرقى باسقۇچتا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، دېگەن توغرا ھۆكۈمنى چىقارغان ھەمدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## 2. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەننىڭ شەكىللىنىشى

پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىگە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئاساس سالغان، ئۇ كېيىنكى قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىدە پەيدىنپەي شەكىللەنگەن ۋە مۇكەممەللەشكەن، پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا تۇنجى قېتىم مۇكەممەل، سىستېمىلىق شەرھىلەنگەن. بۇ لۇشيەننىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە شەكىللىنىشىدە ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇ-

چىتىنكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى بىۋاسىتە مەنپە قىلىنغان-
ئۆزىمىزدا ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى
ۋە ئورتاق ئارزۇسى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇنداقلا
ئۇ ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئىجابىي
ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي
يەكۈنى ۋە نەزەرىيەۋى يىغىنچاقلىمىسى.

ھازىرقى باسقۇچتىكى ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي
زىددىيەتنى توغرا تونۇش ۋە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھەل
قىلىش-پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يادرولۇق مەسىلىسى.
سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندال-
غاندىن كېيىن، پارتىيىمىز ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي
زىددىيەتنى تونۇشتا ئەگرى - توقاي تەرەققىيات جەريانىنى
باشتىن كەچۈردى. 1956 - يىل 9 - ئايدا، پارتىيە 8 - قۇرۇل-
تىيىدا: دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت خەلقنىڭ
ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولغان
ئېھتىياجى بىلەن نۆۋەتتىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ
خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىق ئەھۋالى ئوتتۇرى-
سىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت، پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت
خەلقىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى-كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دەپ توغرا
كۆرسەتكەن. لېكىن، 8 - قۇرۇلتايدىن كېيىن، خەلقئارادىكى
ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي
قىلىپ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، پارتىيىمىز سىياسىي ۋەزى-
يەتنى مۆلچەرلەش ۋە ھۆكۈم قىلىشتا ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ
قالدى، 8 - قۇرۇلتاينىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ئاساسىي

ۋەزىيەت توغرىسىدىكى توغرا يەكۈنىگە نىسبەتەن تەۋرىنىش
بولۇپ: سوتسىيالىزمنىڭ پۈتكۈل تارىخىي باسقۇچىدا پرولې-
تارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى، سوتسىيالىزم
يولى بىلەن كاپىتالىزم يولى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش
جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاساسىي زىددىيەت بولىدۇ،
دەپ ھۆكۈم قىلىندى. ئاساسىي زىددىيەتكە بولغان تونۇشىمىز
ئۆزگەرگەنلىكتىن، بىز خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە
ئاساسلىق زېھنىمىزنى سىنىپىي كۈرەشنى تۇتۇشقا قاراتتۇق،
سىياسىي ھەرىكەت كەينى - كەينىدىن بولۇپ تۇردى،
ئاخىردا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قوزغىلىپ ئېلىمىزنىڭ
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى.
خۇددى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي
يىغىنىنىڭ قارارىدا كۆرسىتىلگەندەك، بىز ئىلگىرى سادىر
قىلغان خاتالىقلار، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، پارتىيە ۋە
دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكىمىگەنلىكىمىز، ئىجتى-
مائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاج-
لاندۇرمىغانلىقىمىز ھەمدە مۇشۇ ئاساستا خەلقنىڭ ماددىي
مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى پەيدىنپەي ياخشىلىمىغانلىقىمىزدىن
ئىبارەت. مۇشۇ تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا
پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي
يىغىنىدا پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ستراتېگىي-
يىلىك يۆتكەشتىن ئىبارەت زور سىياسەت كەسكىن ھالدا
ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ ھەل قىلغۇچ

تەدبىرنى شەرھلىگەندە مۇنداق دېدى: «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمىزنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بەك تۆۋەن، ئۇ دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن بەك يىراقتا تۇرماقتا. ھازىرقى دەۋردە بىزدىكى ئاساسىي زىددىيەت ئەنە شۇ، مۇشۇ ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىش بىزنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىمىز.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 1975 ـ 1982 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى 290 ـ بەت)

ئاساسىي زىددىيەت مەركىزىي ۋەزىپىنى بەلگىلەيدۇ. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش دەپ بەلگىلەنگەنكى، ئۇنى دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنىڭ بىرىنچى تەرىپى، يەنى جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت بەلگىلىگەن. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا، خەلق بېيىيدۇ، دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ، سوتسىيالىستىك تۈزۈم مۇستەھكەملىنىدۇ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە جەلپ قىلىش كۈچى تولۇق نامايان بولىدۇ.

سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسىنى توغرا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ـ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. تارىخىي تەجرىبىلەر ۋە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى يېڭى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، سىنىپىي كۈرەش ئېلىمىز جەمئىيىتىدە ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالدى، لېكىن سىنىپىي كۈرەش

مەلۇم دائىرىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە مۇئەييەن شارائىتتا كەسكىنلىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر مەلۇم دائىرىدىكى سىنىپىي كۈرەش كېڭەيتىۋېتىلسە، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئىجتىمائىي زىددىيەت ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىغا تەسىر يېتىدۇ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركىزىي ۋەزىپە زەربىگە ئۇچرايدۇ، جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ھەل بولۇشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ؛ سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى تۈزىتىلگەندىن كېيىن، ئەگەر سىنىپىي كۈرەش مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دېگەن ئوبيېكتىپ پاكىتقا ئېتىبارسىز قارالسا، ماركسىزملىق سىنىپىي كۈرەش نۇقتىنەزىرى ۋە سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلى چۆرۈۋېتىلسە، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپنىڭ تۈپ قارىمۇ قارشىلىقى ھەمدە كۈرەشنىڭ ماھىيىتى يەنىلا ھاكىمىيەت مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى كۆرەلمىسە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا ئىددىيىدە قورالسىزلىنىش ۋە ئۇلارغا يوچۇق ئېچىپ بېرىش بىلەن باراۋەر بولىدۇ، بۇ بىزنىڭ دۆلەت قۇرۇش ئاساسىمىزدا تەۋرىنىش پەيدا قىلىدۇ ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىگە ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە شۇنىڭ ئۈچۈن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرت دەپ بەلگىلەنگەنكى، بۇنى دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنىڭ ئىككىنچى تەرىپى، يەنى سىنىپىي كۈرەش مەلۇم دائىرىدە يەنە ئۇزاق مۇددەت

مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، مۇئەييەن شارائىتتا كەسكىن-
لىشىپ، كېتىشى مۇمكىنلىكىدىن ئىبارەت كۆرەشنىڭ ۋەزىيىتى-
ۋە ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ-
تۇرغاندىلا، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى-
دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، سىڭىپ كىرىشكە-
ئاغدۇرمىچىلىققا ۋە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش-
كۈرىشىنى توغرا، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك يۈنىلىشكە ۋە سوت-
سىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق-
ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى سوتسىيالىستىك-
تۈزۈمى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى،
مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى-
ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرغاندىلا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاش-
تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پارتىيىنىڭ-
ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى ئىكەنلىكىنى-
توغرا تونۇش كېرەك. 1957 - يىلى، ماۋزېدۇڭ سوتسىيالىزمنى-
قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتى بويىچە كۆزىتىپ،
ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى-
بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ، ئۈستقۇرۇلما بىلەن
ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ ھەم بىر - بىرىگە ماس كېلىدىغانلىقى،
ھەم ئۆز ئارا زىددىيەتلىك ئىكەنلىكىنى توغرا
ئوتتۇرىغا قويدى، ئەپسۇسكى كېيىنكى ۋاقىتلاردا «سول» چىل
ئىدىيىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، پارتىيىمىز يۇقىرىقى-
توغرا ھۆكۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇزاق-

ئەمەلىيەت داۋامىدا قاتمال ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈلمە پەيدىنپەي شەكىللىنىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چۇشەپ قويۇپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتتى. 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز تارىختىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق شۇنى تونۇپ يەتتىكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈستقۇرۇلمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەرەپلەرنى ۋە ھالقىلارنى ئاڭلىق تۈردە ئىسلاھ قىلىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، دۆلىتىمىز ھاياتىي كۈچكە تولالمايدۇ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. ئىشىكنى ئېچىۋېتىشمۇ ئىسلاھاتقا ئوخشاش، بۈگۈنكى دۇنيادا ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا كۈندىن - كۈنگە يېڭىلانماقتا، ھەر قانداق بىر دۆلەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك، ئۆزىنى دۇنيادىكى دۆلەتلەردىن يېتىم قالدۇرسا، ئىستىقبالى بولمايدۇ؛ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيادىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد، تېخنىكا، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتكەندە ھەمدە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ئۇسۇللارنى، جۈملىدىن چەتئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش، ئىلغار پەن - تېخنىكا ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى قاتارلىقلارنى ئەينەك قىلىشقا ۋە قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولغاندىلا، ئاندىن ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى

تېزلىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىشىنى تېزدىن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنىڭ ئۈچىنچى تەرىپى، يەنى يېقىندىن دۇنياغا كەلگەن سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى، مۇكەممەل بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش باش فاڭجېنى بەلگىلەنگەن. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرغاندىلا، كاپىتالىزمنىڭكىدىن يۇقىرى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى پەيدىنپەي يارىتىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى دۆلەت ئەھۋالى پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى بەلگىلىگەن. ئىككى ئاساسىي نۇقتا «بىر مەركەز» ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. تۆت ئاساسىي پىرىنسىپ «بىر مەركەز» ئۈچۈن سىياسىي ئالدىنقى شەرت ھازىرلاپ، سىياسىي جەھەتتە كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش «بىر مەركەز» نى يولغا قويۇشقا بولىدىغان بىردىنبىر تەرەققىيات يولى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، بۇ ئىككىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىدە بىرلىككە كېلىدۇ.

## 2- بۆلۈم پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى، ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىش

### 1. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنى بىلەن زىچ باغلاش كېرەك

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنى بىلەن زىچ باغلاشنى ماۋزېدۇڭ 1939- يىلى «‹كوممۇنىست› ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلىما» دا ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ئۇنى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى بىر ئاساسىي قائىدە قىلىپ دەللىلىگەن. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا پارتىيە دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتكە ۋە پارتىيىنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك، كەڭ ئاممىۋىيلىققا ئىگە، ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە پۈتۈنلەي مۇستەھكەملەنگەن ۋە بولشېۋىكلاشقان پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش» ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2- توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 506- بەت) مۇشۇنداق بىر پارتىيىنى قۇرۇش ئۈچۈن، ماۋزېدۇڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، پارتىيىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى سىياسىي لۇشيەنىدە ھەل قىلىنىدىغان ئىككى ئاساسىي مەسىلىنى، يەنى بىرلىكسەپ مەسىلىسى ۋە قوراللىق كۈرەش مەسىلىسىنى تەھلىل قىلىپ: پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي لۇشيەنى بۇ ئىككى مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغاندا، پارتىيىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە بولشېۋىكلىشىشى بىر قەدەر ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ، ئەكسىچە بولغاندا، پارتىيىمىزنىڭ راۋاج-

لىنىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە بولشېۋىكلىشىشى بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن، ئۇ يەنە بىرلىكتەپ ۋە قوراللىق كۈرەشنى دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان ئىككى ئاساسىي قورالغا، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى بۇ ئىككى ئاساسىي قورالنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ، دۈشمەن ئىستېھكامىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىدىغان قەھرىمان جەڭچىگە ئوخشاتقان. قورالنى جەڭچىگە تايىنىپ توغرا ئىشلىگەندىلا ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. «پارتىيىمىز تېخىمۇ بولشېۋىكلاشسا ۋە پارتىيىمىز تېخىمۇ بولشېۋىكلاشقاندىلا، ئۆزىنىڭ سىياسىي لۇشيەن مەسىلىسىنى تېخىمۇ توغرا بىر تەرەپ قىلالايدۇ.» (يۇقىرىقى كىتاب، 509- بەت) يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ يۇقىرىقى ئىلمىي ھۆكۈمى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك، ئۇزاق كەلگۈسى يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 2. پارتىيە قۇرۇلۇشى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنى بىلەن زىچ باغلاشتىن ئىبارەت ئاساسىي قائىدىدە چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك، ھازىرقى باسقۇچتا، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ھەمدە ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ مەزمۇنى ۋە تەلىپى بويىچە پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى

ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇستەھكەم يادرو قىلىپ قۇرۇپ چىقىش دېگەنلىكتۇر.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىقتىسادنى قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. يولداش دېڭشياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «سوتسىيالىستىك دۆلەتتە، ھەقىقىي ماركسىزملىق بىر پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشىشى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈشى كېرەك.» («دېڭشياۋپىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدا» خەنزۇچە نەشرى، 212- بەت) تەربىيە ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارغا شۇنى بىلدۈرۈش كېرەككى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مەركىزىي ئورۇنغا قويۇش — پارتىيىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى مەركىزىي ۋەزىپىسى. دۈشمەنلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزىدىن سىرت، بۇ مەركەزدىن قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، ھەرگىز قويمۇقتىمەسلىك، ھېچقانداق كاشىلىغا ئۇچرىماسلىق كېرەك. ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئۆز خىزمىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن، كەسىپ،

باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئاڭلىق تۈردە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تىرىشىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئەقىل پاراسىتىنى تەقدىم قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، «ئىككى قولدا تەڭ تۇتۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇزاققىچە، مۇقىم، ماسلاشقان ھالدا راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىر بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

قەتئىي تەۋرەنمەستىن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كېرەك. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ دۆلەت قۇرۇش، پارتىيە قۇرۇشنىڭ ئاساسى، ئۇنىڭدا مەڭگۈ چىڭ تۇرۇش شەرت. ئۇ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن تۈپتىن قارىمۇ قارشى. بۇ خىل قارىمۇ قارشىلىق ۋە كۈرەش ئېلىمىزدە يەنە ئۇزاق مۇددەتكىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشتا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش شەرت. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرمىغاندا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرغىلى بولمايدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ئۆز-ئۆزىنى نابۇت قىلىدۇ. شۇنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، خەلقئارا-دىكى دۈشمەن كۈچلەر سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ۋە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش

ھەرىكىتىنى تېزلىتىۋاتقان جىددىي ۋەزىيەتتە، مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپىي كۈرەش مەلۇم دائىرىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شارائىتتا، ئېلىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى زە جەلپ قىلىش كۈچى تولۇق نامايان قىلىنىشتىن ئاۋۋال، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يەنىلا پەيدا بولۇش تۇپرىقىغا ۋە تارقىتىش بازىرىغا ئىگە، شۇڭا، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ۋە كۈرىشىنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك، بۇنىڭغا قارىتا، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇشى، بايرىقى روشەن بولۇشى، ئىزچىل تۇردە بىردەك بولۇشى، كۈرەش ئىرادىسىنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقى، بىپەرۋالىق قىلماسلىقى كېرەك.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت باش فاڭجېندا قەتئىي تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە بولغان ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش كېرەك. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش مەسىلىسىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان، تۈپتىن قارىمۇ قارشى ئىككى خىل تەشەببۇس ھەقىقەتەن مەۋجۇت. بىرى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش دىڭ شياپىڭ ئىزچىل تۇردە تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان توت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋې-تىش بولۇپ، بۇ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆزىنى- ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىدۇر؛ يەنە بىرى،

بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشتە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرىۋالغۇچىلار تەشەببۇس قىلغان ئاتالمىش «پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈش» تىكى ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، بۇ ماھىيەتتە تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى ئومۇميۈزلۈك ئىنكار قىلىپ، دۆلىتىمىزنى غەرب كاپىتالىزم سىستېمىسىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ چەك-چېگرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشتا، بىر تەرەپتىن شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئېلىمىز دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، بىر ئىزدا توختاپ قالسا بولمايدۇ، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى پائال تۇردە، پۇختا قەدەملەر بىلەن، قەدەم بېسىقچىلىق ھەم تەرتىپلىك ھالدا ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىدە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتىن چەتنەپ كېتىدىغان كىشىلەرنىڭ كاشىلىسى شۇنىڭدەك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە پراگماتىزملىق پوزىتسىيە قوللىنىپ، شەخس ۋە كىچىك كوللېكتىپنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان قىلمىشلاردىن ھوشيار بولۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئارقىلىق، دۆلەت ۋە كەڭ ئاممىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، يەنە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدا ۋە رەھبەرلىك رولىدا چىڭ تۇرۇش، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىشتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي روھنى جارى قىلدۇرۇش، «قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك» سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك نىشاندا ئومۇمىيۈزلۈك چىڭ تۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ھەر خىل بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىپ، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ توغرا، ئەزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. تېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قانداق توغرا تونۇش كېرەك؟

2. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش دېگەن ئاساسىي قائىدىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

3. پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيىنىڭ پارلىق خىزمىتى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا قانداق كاپالەتلىك قىلىدۇ؟

# بەشىنچى باب

## ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش

[مەقسەت ۋە تەلەپ]

پارتىيىمىز دۇچ كەلگەن جىددىي سىناقنى، شۇنىڭدەك پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇش؛ پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنلۇق خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئىگىلەپ، «ئومۇمىي خەلق پارتىيىسى» دېگەن خاتا تونۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇش؛ پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تونۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش؛ پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي تەلىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش.

## 1 ـ بۆلۈم ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكى

## 1. پارتىيىنىڭ ئۈچ سىناقتا بەرداشلىق بېرىش - بېرەلمەسلىكى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىغا چېتىلىدۇ

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، پارتىيە زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپە ۋە دۇچ كەلگەن جىددىي سىناقنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلىرىمىز پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ، ئۈچ سىناقتا پارتىيىۋىلىك چېنىقىشنى ئاڭلىق كۈچەيتىپ، پارتىيىنى ھەقىقىي ياخشى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغاندا، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سىنىقىغا دۇچ كېلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىكى جىددىي ئۆزگىرىشنىڭ ساۋىقى بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ھوقۇق ئىگىلەپ ۋە ئىشلىتىپ، قەتئىي تۈردە خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش-ياخشىلىيالماسلىقى؛ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش-قىلالماسلىقى ۋە سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش - قىلالماسلىقى؛ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ماركسىزمغا سادىق كىشىلەرنىڭ ئىگىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش - قىلالماسلىقى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش - مۇستەھ-

كەملىيەلمەسلىككە مۇناسىۋەتلىك ھايات - ماماتلىق مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش - قىلالماسلىق پارتىيىمىزگە نىسبەتەن بىر جىددىي سىناق.

پارتىيە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە رەھبەرلىك قىلىشتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلدى. تارىخىي ۋە رېئال تەجرىبىلەر شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتى ئاستىدا، پارتىيىنىڭ تۈپ ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش-تۇرالماسلىقى؛ پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ، پارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ چىرىكلىككە تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە قوشۇنىنىڭ ئاۋانگارتلىقى ۋە ساپلىقىنى ساقلاش - ساقلىيالماسلىقى ئوخشاشلا پارتىيە ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىغا چېتىلىدۇ. بۇ مەسىلىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ياخشى ھەل قىلىش - قىلالماسلىق پارتىيىمىزگە نىسبەتەن يەنە بىر جىددىي سىناق.

پارتىيىمىز دۇنيا سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققان مۇھىتتا تۇرۇۋاتىدۇ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش سىنىقىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى

ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىكى
تىنچ ئۆزگىرىپ كېتىش ئەمەلىيىتى شۇنى بىلدۈردىكى،
خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى، ئاغدۇرمىچىلىق
ھەرىكەتلىرى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ
تىنچ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىكى تاشقى سەۋەب؛ سوتسىيالىستىك
دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كومپارتىيىگە،
سوتسىيالىزمغا قارشى كۈچلەرنىڭ شەكىللىنىپ تۇرۇشى،
بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ياماراپ
كېتىشى، پارتىيە ئىچىدە چىرىگەن ئۇنسۇرلارنىڭ پەيدا بولۇشى،
شۇنىڭدەك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش، ئىسلاھات جەھەت-
تىكى سەۋەنلىكلىرى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ تىنچ ئۆزگە-
رىپ كېتىشىدىكى ئىچكى سەۋەب، تاشقى سەۋەب ئىچكى سەۋەب
ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. خەلقئارادا ۋە دۆلەت ئىچىدە ئېغىر
سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا،
پارتىيىمىزنىڭ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، پۈتۈن
مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا
رەھبەرلىك قىلىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈپ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى
تۇرۇشتىكى ماددىي ئاساسنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش -
كۈچەيتەلمەسلىكى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە
چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمغا قارشى تۈرلۈك پىكىر ئېقىملىرىغا
قارشى تۇرۇش - تۇرالماسلىقى، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ
تۇرۇپ، كاپىتالىزم يولىغا قارشى تۇرۇش - تۇرالماسلىقى؛
ماركسىزمچە پارتىيە قۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ،
پارتىيىنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرىدىغان

مۇستەھكەم قورغانغا ئايلاندۇرۇش - ئايلاندۇرالماسلىقى پارتىيىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىغا چېتىلىپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا چېتىلىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش - قىلالماسلىق پارتىيىمىز دۇچ كەلگەن يەنە بىر يېڭى سىناق.

پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلىشىدىكى ئاچقۇچ پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارتلىق خاراكتېرىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا.

### 2. پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇش – پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى تۈپ مەسىلە

پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرى – كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى، ماركسىزمچە پارتىيە قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يادروسى ۋە جەۋھىرى. بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتى قانداق پارتىيە قۇرۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئۇ پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى ۋە يۆنىلىشىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ شەرتىدۇر. شۇڭا، پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇش پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى تۈپ مەسىلە بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك

خاراكتېرىنىڭ ئاساسىي مەنىسى دېگەندە، بىرىنچىدىن،
پارتىيىنىڭ سىنىپىيلىقى؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ
ئىلغارلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ماركسىزملىق پارتىيە
ئۇقتىئىنەزەرى سىنىپىيلىق بارلىق پارتىيىلەرنىڭ خاسلىقى،
سىنىپتىن ھالقىغان پارتىيە مەۋجۇت ئەمەس، دەپ قارايدۇ.
كوممۇنىستىك پارتىيە ـ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيىسى،
ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنى سىنىپىي ئاساس قىلغان بولۇپ،
ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك
قىلىدۇ. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي بۇرچىنى ئىشقا
ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ
سىنىپىي خاراكتېرى يوققاچىقىرىلغاندا، ئىشچىلار
سىنىپىنىڭ سىنىپىي ئېڭى مۇجمەللىشىپ، سىنىپىي سەپ
ئارىلىشىپ كېتىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى
زىيانغا ئۇچرايدۇ. ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇش نەزەرىيىسى
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كوممۇنىستىك پارتىيە ئىشچىلار
سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى دەپ قارايدۇ. پارتىيىنىڭ
ئىلغارلىقى ئاساسەن مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:
بىرىنچىدىن، پارتىيە ـ ماركسىزملىق نەزەرىيە بىلەن
قوراللانغان، كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى كۆرەش نىشانى قىلغان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ
پارتىيىسى. مۇشۇنداق پارتىيىلا، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ
ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ،
توغرا پروگرامما ۋە لۇشيەن بېكىتىپ، ئىشچىلار سىنىپىنى
ۋە خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ، غەلىبىلىك كۆرەش قىلالايدۇ.
ئىككىنچىدىن، پارتىيە ئىشچىلار سىنىپى ئارىسىدىكى

كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە ئىلغارلاردىن تەركىب تاپقان، مۇشۇنداق پارتىيىلا، ئىشچىلار سىنىپى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ سادىق ۋەكىلى بولۇپ، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قويۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئۈچىنچىدىن، پارتىيە — دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پىرىنسىپى بويىچە تەشكىللەنگەن بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدە. مۇشۇنداق پارتىيىلا، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتىكى يۈكسەك بىردەكلىكىگە ۋە تەشكىل، ھەرىكەت جەھەتتىكى يۈكسەك بىردەكلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيىنى يۈكسەك دەرىجىدىكى ئۇيۇشۇش كۈچىگە ۋە مۇستەھكەم جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى رەھبەرلىك رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرالايدۇ. ماركسىزمنىڭ پارتىيىنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى كومپارتىيىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ باشقا پارتىيىلەر بىلەن بولغان تۈپ پەرقىنى ئېچىپ بېرىپ، پارتىيىنىڭ خاراكتېرىنى ئىنكار قىلىدىغان تۈرلۈك خاتا پىكىر ئېقىملىرىنى تەنقىد قىلىش ئۈچۈن نەزەرىيىۋى قورال بىلەن تەمىن ئەتتى.

خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى تارىخى پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىق ئەزەلدىن ماركسىزم بىلەن ئاغمىچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇش،

ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى قولغا كەلتۈرگەن كومپارتىيە
ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخىمۇ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە.
سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى سوتسىيالىس-
تىك دۆلەتلەردىكى جىددىي ئۆزگىرىش ساۋاقلىرىنى يەكۈن-
لىگەندە، ئۇلاردا شۇنداق بىر ئورتاق ئالاھىدىلىك باركى،
ئۆزگىرىش پارتىيىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن، ئالدى بىلەن پارتىيە
خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن باشلانغان پارتىيىنىڭ
خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇقەررەر ھالدا پارتىيىنىڭ
ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىنى،
سوتسىيالىستىك دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ
كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، بىز پارتىيىنىڭ
ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرىدە
چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت
ئەترىتىلىك خاراكتېرىنى ئىنكار قىلىدىغان تۈرلۈك خاتا
كۆز قاراشلاردىن يۇكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇشىمىز
ۋە ئۇنى تەنقىد قىلىشىمىز كېرەك.

ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشتە
چىڭ تۇرۇۋالغان بەزى كىشىلەر، دېموكراتىك
سوتسىيالىزمنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئېلىمىزدە «ئۇمۇمىي
خەلق پارتىيىسى» سەپسەتىسىنى تەرغىپ قىلىپ، «پارتىيىنىڭ
رەڭگىنى ئۆزگەرتەيلى»، «پارتىيىنى ئۆزگەرتەيلى» دەپ
غالجىرلارچە جار سېلىپ، پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ
ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرىنى ئىنكار قىلىش،
ئاخىرىدا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى ئىنكار قىلىشقا
ئۇرۇندى. ماركسىزمغا قارشى بۇنداق پىكىر ئېقىمىغا قەتئىي

تاقابىل تۇرۇپ، ئۇنى ئۈزۈل - كېسىل تەنقىد قىلىشىمىز كېرەك.

## 2 - بۆلۈم پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش

### 1. پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش — سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ توپ كاپالىتى

يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەيدۇ: «پارتىيىمىز — ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، پارتىيە رەھبەرلىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ماھارىتىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم.» («ئەزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 13 - سانىدىن) ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش دېگەنلىك، بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىگە بولغان رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ پروگراممىسى، لۇشيەنلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولغان بۇرچىلىق ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، ئۈچىنچىدىن، پارتىيىنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى ئادا قىلىش، خىزمەتكارلىق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ماھارىتىنى ئاشۇرۇشتا، ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە

جەمئىيەتتىكى مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك: بىرىنچى، پارتىيە بىلەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش؛ ئىككىنچى، پارتىيە بىلەن ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ۋە ھەر قايسى خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش؛ ئۈچىنچى، خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇلارنى قوللاش؛ تۆتىنچى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا تۇرغۇزۇش ۋە ئىجرا قىلىش؛ بەشىنچى، سىنىپىي كۈرەش ۋە پارتىيە ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش. كوممۇنىستلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ماھارىتىنى ئاشۇرغاندىلا، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملىيەلەيدۇ.

پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش، بىرىنچىدىن، سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. كومپارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنى ۋە رەھبەرلىك رولىدىن چەتنىگەندە، سوتسىيالىزمدىن ھەرگىز سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، دۆلەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئېھتىياجى. تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش - ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى

شۇنداقلا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «كومپارتىيە رەھبەرلىكى بولمىسا جاھان جەزمەن بۇزۇلۇپ، دۆلەت پارچىلىنىپ كېتىدۇ.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 1975 ـ 1982 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 592 - بەت) ئۈچىنچىدىن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەن - پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەرىكەت پروگراممىسى. تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئېيتىپ بەردىكى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئوڭچىل ياكى «سول»چىل خاتا خاھىشنىڭ كاشىلىسىنى تۈگىتىپ، ئىككى سەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى توغرا قانات يايدۇرۇش كېرەك. كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن چەتنىگەندە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ئىزچىل ئىجرا قىلىنماي قالىدۇ، ئاممىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

## 2. كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، «كۆپ پارتىيە تۈزۈمى»گە قارشى تۇرۇش كېرەك

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەت تۈزۈمى- ئېلىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، ماركسىزملىق پارتىيە نەزەرىيىسى ۋە بىرلىكسەپ تەلىماتى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ئېلىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ زور بىر ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى. بۇ تۈزۈم تارىخىي ھالدا شەكىللەنگەن، يېڭى تارىخى شارائىتتا ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ئوبيېكتىپ ئاساسقا ئىگە. بۇ ئاساس شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كومپارتىيە ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقۇچى پارتىيىلەر بولۇپ، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئورتاق ھالدا سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالايدۇ. مۇشۇ سىياسىي تۈزۈمدە يەنىمۇ چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ۋە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ياخشىلاشقا، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشقا، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق؛ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قارارى ۋە قارارىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىكى خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا سېلىشقا پايدىلىق؛ كومپارتىيە ۋە

ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق ھالدا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئۆلچەم قىلىپ، ئۇيۇشۇملۇق ھالدا ھەمكارلىشىش ۋە ئۆز ئارا نازارەتچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇشقا پايدىلىق.

ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇۋالغان ئاز ساندىكى كىشىلەر كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىنى ئىنكار قىلىش مەقسەت قىلىنغان «كۆپ پارتىيە تۈزۈمى»نى تەرغىپ قىلىشتى. «كۆپ پارتىيە تۈزۈمى» كاپىتالىزمنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئورنىتىلغان سىياسىي ئۈستقۇرۇلما بولۇپ، ئۇنى كاپىتالىست گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشى ۋە بىر - بىرىنى چەتكە قېقىشتەك رىقابەت ھالىتى بەلگىلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان ھەمدە ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلققە بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسى يۈرگۈزىدىغان قورال. سوتسىيالىستىك جۇڭگودا سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي ئورۇن قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئاللىبۇرۇن بېكىتىلدى، بۇرژۇئازىيە سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلدى، ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قانچە قېتىملىق «كۆپ پارتىيە تۈزۈمى» ئۈستىدىكى سىناقلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، جۇڭگودا ھەم «كۆپ پارتىيە تۈزۈمى»نى يولغا قويۇشنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە سىنىپىي ئاساسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەس ئىكەنلىكىنى،

ھەم «كۆپ پارتىيە تۈزۈمى»نى يولغا قويۇشنىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە رېئال ئىجتىمائىي ئاساسى مەۋجۇت ئەمەس ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى — جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇزاق - مۇددەتلىك كۆرەش داۋامىدىكى توغرا تاللىشى، بۇ خىل تاللاش مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا تۈزۈلگەن دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ئېتىراپ قىلىنغان. شۇڭا، جۇڭگودا «كۆپ پارتىيە تۈزۈمى»نى يولغا قويۇشنى تەرغىپ قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا خىلاپ بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈنلەي ئاقمايدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىش. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر «كۆپ پارتىيە تۈزۈمى»نى يولغا قويغانلىقتىن كومپارتىيە ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىنى قولدىن بېرىپ قويدى، دۆلەت قالايمىقانلىشىپ كەتتى، خەلق بالايى - ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالماي بولمايدۇ.

### 3. پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئايرىۋېتىش، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش كېرەك

پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىكىدە، ئىدىيىۋى رەھبەرلىكىدە ۋە تەشكىلىي رەھبەرلىكىدە ئومۇمىيۈزلۈك چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىكى ئاساسەن توغرا لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنى توغرا يولنى بويلاپ غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەشتىن

ئىبارەت. پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى رەھبەرلىكى دېگەندە ئاساسەن ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش ھەمدە خەلق ئاممىسىغا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پارتىيىنىڭ تەشكىلىي رەھبەرلىكى دېگەندە ئاساسەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولى ۋە جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىغا مۇھىم كادىر كۆرسىتىپ بېرىش ھەم كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق نەمۇنىلىك رولىغا تايىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى پارتىيىنىڭ تەشەببۇس ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى يېتەكلەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پارتىيىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىكى، ئىدىيىۋى رەھبەرلىكى ۋە تەشكىلىي رەھبەرلىكى ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇنى ھەرگىز ئايرىۋېتىشكە ياكى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر تەرىپىنى ئاجىزلاشتۇرغاندا ياكى ئىنكار قىلغاندا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ياكى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىدىن تەۋرىنىشتەك ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئەمەلىيەت داۋامىدا چوقۇم ھەر خىل بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك.

پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئايرىۋېتىش،

پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىماسلىق، پارتىيەنى ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، ھوقۇق ھەددىدىن تاشقىرى مەركەزلەشىپ كېتىش مەسىلىسىنى تۈزۈلمە جەھەتتىن ھەل قىلىش — پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ مۇھىم بىر تەدبىرى. پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئايرىۋېتىش پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى، پارتىيە بىلەن ھوكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى ئايرىۋېتىش دېگەنلىك ئەمەس، «پارتىيە پارتىيىنىلا باشقۇرىدۇ.» دېگەنلىكمۇ ئەمەس، بەلكى پارتكوم كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى تۇتۇشى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىنى تۇتۇشى؛ سىياسىي يۆنىلىشنى تۇتۇشى؛ دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ھەر خىل ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيەسى بويىچە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇ خىل رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى، يېڭى دەۋردىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەمەلىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئۇيغۇن، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى ۋە رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى توغرا ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرۇشقا، پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشقا پايدىلىق.

پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئايرىۋېتىشتە بىرىنچىدىن، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ قاتلاملىقى ۋە بىر

پۈتۈنلۈكىنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ مەركىزىي تەشكىلاتى، يەرلىك تەشكىلاتى ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملىقىغا دىققەت قىلماي، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئايرىۋېتىشتە بىرلىككە كەلگەن ئەندىزە يولغا قويۇلسا، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالغانلىق بولىدۇ-دە، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ. ئوخشاشلا، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ قاتلاملىقىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا چۈشىنىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئىنكار قىلىنسا، پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى پارچىلىنىپ كېتىدۇ، قۇرۇق نەرسە بولۇپ قالىدۇ. ئىككىنچىدىن، يۆنىلىشىنىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە قەدەم باسقۇچىنىڭ مەزمۇتلىقىنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئايرىۋېتىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، لېكىن كونكرېت قەدەم باسقۇچ جەھەتتە چوقۇم ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش، سالماق، ئىشەنچلىك بولۇش كېرەك. ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، رەھبەرلىكى بولغان ھالدا، پىلانلىق تۈردە، قەدەم باسقۇچقا بۆلۈپ يولغا قويۇش كېرەك. «بىر قېتىمدىلا بولدى» قىلىشقا ياكى «بىر تاياقتا ھەيدەش» كە بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئايرىۋېتىشنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى ياخشىلاش بىلەن ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئاساسەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلىدا پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى قانۇن تەرتىپى بويىچە دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇش، پارتىيە تەشكىلا-

تىنىڭ پائالىيىتى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولى ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ خىل يېڭى رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى پۈتۈن پارتىيىدىكىلەر چۈشەنگەندە ۋە ئىگىلىگەندىلا، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئايرىۋېتىش ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

## 3 - بۆلۈم پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش

### 1. ئىدىيەۋى قۇرۇلۇشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك

ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش — ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم پرىنسىپى، شۇنداقلا پارتىيىمىز قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىسى ۋە ئېسىل ئەنئەنىسى. لېنىن مۇنداق دەپ تەكىتلىگەن: «ئىلغار نەزەرىيىنى قىبلىنامە قىلغان پارتىيىلا ئىلغار جەڭچىلىك رولىنى كۆرسىتەلەيدۇ»، («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 1- توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 420 - بەت). ماۋزېدۇڭ بولۇپمۇ ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئىدىيەۋى تەربىيىنى چىڭ تۇتۇش — پۈتۈن پارتىيىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلۇغ سىياسىي كۈرەشلەر ئېلىپ بېرىشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى. ئەگەر بۇ ۋەزىپە ھەل قىلىنمىسا، پارتىيىنىڭ بارلىق سىياسىي ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىغىلى بولمايدۇ.» («ماۋزېدۇڭ

تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3- توم، 452- بەت). ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: پارتىيە ئەزالىرى تەشكىلىي جەھەتتىنلا پارتىيىگە كىرىپلا قالماي، بەلكى ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيىگە كىرىشى، پرولېتارىيات ئىدىيىسى ئارقىلىق تۈرلۈك غەيرىي پرولېتارىيات ئىدىيىلىرىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. پرولېتارىيات ئىنقىلابىي داھىلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇكى، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش پارتىيىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئاساسى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىدىن ئايرىلغاندا پارتىيىنىڭ سىياسىي، تەشكىلىي، ئىستىل قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قىيىن بولۇپ قالىدۇ.

ھازىر پارتىيىمىز ئىنتايىن جىددىي خەلقئارا ۋەزىيەتكە ۋە ئىنتايىن مۇشكۇل ئىچكى ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن مەزگىلدە پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم جىددىي بولۇپ قالدى. پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيىگە كىرىشىدىن ئىبارەت بۇ يادرولۇق مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش كېرەك. ھازىر پارتىيىمىزدە ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك پاسسىپ، چىرىك ھادىسىلەر، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيە كادىرلىرىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيىگە پۈتۈنلەي كىرمىگەنلىكى، ھەتتا پۈتۈنلەي پارتىيىگە كىرمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. بۇ مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنمىسا، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى

ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش تەلىپى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. پارتىيىمۇ ئۈچ سىناق جەريانىدا يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالمايدۇ.

پارتىيىنىڭ ئىدىيە ـ نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى ئەڭ تۈپ ۋەزىپە ماركسىزملىق تۈپ نەزەرىيە تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مېڭىسىنى قوراللاندۇرۇش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق سەۋىيىسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ماركس، لېنىن ئەسەرلىرى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ نەزەرىيە، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى كېرەك. ئۆگىنىش جەريانىدا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشى، سوتسىيالىستىك ئىشەنچنى ۋە كوممۇنىستىك غايىنى چىڭىتىشى، جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاڭلىقلىقىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشى، پارتىيەۋىلىكنى ئاڭلىق كۈچەيتىپ، دۇنيا قاراشنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. ماركسىزم بىلەن ماركسىزمغا قارشى تۇرۇشنىڭ، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ، ئىلمىي سوتسىيالىزم بىلەن دېموكراتىك سوتسىيالىزمنىڭ، پرولېتارىيات ئىدىيە سىستېمىسى بىلەن بۇرژۇئا ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ چېك ـ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ، تۈرلۈك خاتا پىكىر ئېقىملىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

### 2. پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ھەقىقىي ماركسىزم-چىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى — پارتىيىنىڭ تۈپ تەشكىلىي پرىنسىپى، پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇشتىكى مۇقەررەر تەلىپى، پارتىيىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئورۇنداشتىكى تۈپ تەشكىلىي كاپالەت. دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى. ئۇ ھەم دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاپ، پارتىيە ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇشنى ھەمدە پارتىيە كادىرلىرىنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىپ، شەخس ھاكىم مۇتلەقلىقنىڭ ۋە ئاز سانلىقلار ماقۇل دېگەننى قوبۇل قىلىشتەك خاتا خاھىش-لارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈگىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەم دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا توغرا مەركەزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش، چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، تارقاقلاشتۇرۇشتەك خاتا خاھىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە تۈگىتىپ، پۈتۈن پارتىيىنى ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە بىردەكلىكنى ساقلاش، ھەرىكەتتە قەدەم بىرلىكىنى ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئالتە ماددىلىق ئاساسىي پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ،

تەشكىلسىزلىك، ئىنتىزامسىزلىق، كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىش، ھەركىم ئۆز بىلگىنىنى قىلىشتەك ھادىسىلەرنى قەتئىي تۈزىتىپ، پارتىيىنىڭ ئىنتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋە پارتىيىنىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان ھەرقانداق قىلمىشقا قارشى تۇرۇشى كېرەك.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ ئاساسى، پارتىيە خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە قىلىدىغان كۆۋرۈك ۋە ۋاسىتە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئارىسىدىكى سىياسىي يادرو ۋە مۇستەھكەم قورغان، پارتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلەردىكى پۇت تىرەپ تۇرۇش نۇقتىسى. سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە باشقا يوللار ئارقىلىق بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ھالىتىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىش؛ پارتىيە ئەزالىرىدا بولغان تەربىيە ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىنى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈش، قاتتىق ئۆلچەم بولۇش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق-نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش؛ پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىپ ۋە قانات يايدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئەزەلدىن پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، ئۇ پارتىيە ئىشلىرىنىڭ

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى بىلەن بىۋاسىتە
مۇناسىۋەتلىك. ھازىر خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىۋاتقان،
مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىپە مۇشكۈل ۋە ئېغىر بولغان يېڭى
ۋەزىيەتتە، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مىليونلىغان ئىز باسار-
لىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش بولۇپمۇ
پارتىيىنىڭ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، پارتىيە
ۋە دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ماركسىزمغا
سادىق كىشىلەرنىڭ قولىدا تۇتقۇزۇشقا كاپالەتلىك
قىلىش ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ تەخىر-
سىز بولۇپ قالدى. كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا ھەم ئەقتى-
ساسلىق، ھەم قابىلىيەتلىك كادىرلار ئۆلچىمىدە، پارتىيە
كادىرلارنى باشقۇرىدۇ دېگەن پىرىنسىپتا چوقۇم چىڭ تۇرۇش
كېرەك. پارتىيىنىڭ كادىرلار قوشۇنىنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش،
ياشلاشتۇرۇش، بىلىم ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش
فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىپ ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىپ،
ھەر قانداق بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا
قارشى تۇرۇش كېرەك. رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنى كۈچەي-
تىپ، يولداش جياڭ زېمىن 1990- يىل 6- ئايدىكى مەملى-
كەتلىك پارتىيە مەكتەپلىرى مۇدىرلىرى سۆھبەت يىغىنىدا
قىلغان سۆزىدە ئوتتۇرىغا قويغان بەش شەرت بويىچە،
رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ،
كادىرلارنى ئومۇميۈزلۈك توغرا تەكشۈرۈپ ئىگىلەپ، ھەر
دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەش ۋە سەپلەش
كېرەك؛ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىغا
يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، ئۇلارنىڭ پارتىيىۋىلىك
چېنىقىشىنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنى تىرىشىپ سەگەك، مۇس-
تەھكەم ماركسىزمچى قىلىپ چىنىقىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.
ئەسىردىن ھالقىغان سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئىز باسارلىرىنى

زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەشتە پۈتكۈل ياش ئەۋلادلارنى نەزەردە تۇتۇش، ئۇلارنى ماركسىزملىق نەزەرىيە جەھەتتە يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىشچى- دېھقانلار بىلەن بىرلىشىش، ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش يولىدا مېڭىشقا يېتەكلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. بۇ مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنسىلا، پارتىيىنىڭ كادىرلار قوشۇنى ۋە رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولىدۇ، پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ياراتقان پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىشلىرىنى ۋارىسى بولۇشقا، ئۇنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلاد مەڭگۈ ئۆزگەرمەي كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

### 3. پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىچىدىكى ناتوغرا ئىستىللارنى ۋە چىرىك ھادىسىلەرنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك

نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىش پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئىستىلى، ئۇنىڭ يادروسى ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش. پارتىيىمىز بۇ ئېسىل ئىستىلدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش جەريانىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى، زورايدى ۋە پىشىپ يېتىلدى. پارتىيە ئىستىل قۇرۇلۇشىدىن ئايرىلسا، پارتىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ۋە تەرەققىي قىلالمايدۇ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، سىياسىي قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ تەس بولۇپ قالىدۇ. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىدا، پارتىيە ئىستىلى پارتىيىنىڭ ھايات-ماماتلىقى

بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. بىز ھەم ھازىر پارتىيە ئىچىدە
مەلۇم ناتوغرا ئىستىل ۋە چىرىك ھادىسىلەرنىڭ ساقلىنى-
ۋاتقانلىقىدىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنىڭ
ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرمەي قالماسلىقىمىز، ھەم پارتىيىنىڭ
ئاساسىي ئېقىمىنىڭ ياخشى بولغانلىقىدىن پارتىيە ئىچىدە
ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سالماس-
لىقىمىز، ئۇنىڭغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك.

پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان ناتوغرا ئىستىللار ۋە
چىرىك ھادىسىلەر ماھىيەتتە بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋە باشقا
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيەۋى ئىستىلى-
نىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىنكاسى. ئۇ پارتىيىنىڭ جان دىل
بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتى ھەمدە ئامما
بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ئىستىلى بىلەن تۈپتىن سىغىشال-
مايدۇ. ئەگەر چىرىك ھادىسىلەرنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسەك
پارتىيىمىز ئۆز ئۆزىنى نابۇت قىلىش يولىغا مېڭىپ قالىدۇ،
شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى مەملىكەت
ئىچى ۋە سىرتىدىكى كىشىنى چۆچۈتىدىغان قاتتىق كۈرەشلەر
جەريانىدا سەگەك بولۇشىمىز شۇنىڭدەك ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى
قوللىنىپ ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەپ، پارتىيە ئىچىدىكى ناتوغرا
ئىستىللارنى ۋە چىرىك ھادىسىلەرنى قەتئىي تۈگىتىشىمىز
كېرەك.

پارتىيە ئىچىدىكى پاسسىپ چىرىك ھادىسىلەرنى
تۈگىتىپ، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئالدى بىلەن پارتىيە
ئىچى ۋە سىرتىدىكى چىرىكلىككە تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزگەرىپ
كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر يۈرۈش نازارەت قىلىش سىس-

تىپىسى ۋە تۈزۈمىنى، جۈملىدىن، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك ۋە پارتىيە سىرتىدىكى نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى ھەقىقىي مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، پارتىيە سىرتىدىكى نازارەتچىلىك يەنە ھوقۇقلۇق ئورگانلارنىڭ نازارەتچىلىكى، قانۇن نازارەتچىلىكى دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ نازارەتچىلىكى، خەلقنىڭ نازارەتچىلىكى، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى، مەمۇرىي نازارەتچىلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭدا يوللىرى راۋان، ئۆزئارا ماسلاشقان نازارەتچىلىك تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئومۇمىي نازارەتچىلىك ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. پارتىيە كادىرلىرى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلىرى پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. پارتىيە ئىچىدىكى بىر يۈرۈش قانۇن-نىزاملارنى ساغلاملاشتۇرۇش ئارقىلىق، پارتىيە ئىچىنى قانۇن- تۈزۈملەشتۈرۈپ، تورلاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلەر ۋە پاسسىپ چىرىك ھادىسىلەرنى ۋاقتىدا پاش قىلىش ۋە كەسكىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئاندىن قالسا، ئىدىيىۋى تەربىيىنى قانۇن- ئىنتىزامنى چىڭىتىش، قانۇن-تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال تېزگىنلەشنى يولغا قويۇش كېرەك. پاسسىپ-چىرىك ھادىسىلەرنى تۈگىتىشتە تۈپتىن ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، ئىدىيىۋى تەربىيە ئارقىلىق، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ پاكلىقنى ساقلاش ئاڭلىقلىقىنى ۋە ئىممۇنىتېتلىق كۈچىنى ئاشۇرۇش ئىدىيە جەھەتتىن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇداپىئە لىنىيىسىنى بەرپا قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، قانۇن-تۈزۈمنى چىڭىتىش، سوتسىيالىستىك قانۇن- تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە

تايىنىش كېرەك. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. قانۇن- تۈزۈمنىڭ چەكلىمىسى ۋە ھەيۋىسى بولمىسا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئېگىشلىك جازاغا تارتىلماي قېلىپ، كىشىلەرنى دېگەندەك ئاگاھلاندۇرغىلى بولمايدۇ؛ لېكىن ئىدىيە جەھەتتىن مۇداپىئە لىنىيىسى بەرپا قىلىنمىغاندا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە داۋالغۇش پەيدا بولۇپ، مەنپەئەتنى دەپ، ئىنساپنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، روھىي چۈشكۈنلىشىدۇ-دە، بۇنىڭدىن ساقلىنىمەن دەپمۇ ساقلىنالمايمىز. ئىدىيىۋى تەربىيە بىلەن قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلالايدىغانلا بولساق، پارتىيە ئىچىدىكى پاسسىپ چىرىك ھادىسىلەر چوقۇم كۈچلۈك چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇنى تەدرىجىي تۈگەتكىلى بولىدۇ.

مۇھاكىمە سوئاللىرى:

1. ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى قانداق تونۇش كېرەك؟

2. نېمە ئۈچۈن پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇش پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى تۈپ مەسىلە دەيمىز؟

3. نېمە ئۈچۈن پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ياخشىلاش شەرت؟

4. يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى قانداق قىلىپ ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش كېرەك؟

# ئالتىنچى باب

## پارتىيە رەھبەرلىكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ توپ كاپالىتى

[مەقسەت ۋە تەلەپ]

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغۇچى قۇدرەتلىك پارتىيە ئىكەنلىكىنى، سوتسىيالىزم دەۋرىدە، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنىڭ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ توپ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇش. ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلىرى، خەلق ئاممىسى ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تىكلەپ، پارتىيىنىڭ توغرا مىللىي سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى، تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك.

## 1 - بۆلۈم پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇلۇغ غەلىبىسى

## 1. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغۇچى قۇدرەتلىك پارتىيە

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. شىنجاڭ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون، قەدىمدىن تارتىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى يارىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ شەرەپلىك بۇرچىنى ئادا قىلىپ مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە فېئودال ھۆكۈمرانلىقىغا، جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ رەھىمسىز زۇلمىغا قارشى تۇرۇپ، مىللەتنىڭ ئازادلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئىگىلمەي - سۇنماي قەھرىمانلارچە كۆرەشلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىلا ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىق كۆرىشى ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىپ، جاھانگىرلىك، فېئوداللىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇزۇل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئېزىش تۈزۈمىنى يوقىتىپ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەددىنى كۆتىرىپ، ئۇلارنى ئازادلىققا ئېرىشتۈردى، مىللەت-

لەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پارلاق سوتسىيالىستىك داغدام يولدا ماڭدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپلا چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، مىللىي زۇلۇمنى يوقىتىپ، مىللىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى پرولېتارىيات ئىنقىلابىدىكى ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن قەتئىي تەۋرەنمەستىن كۈرەش قىلدى. 1922-يىلى پارتىيىنىڭ 2- قېتىملىق قۇرۇلتىيىنىڭ خىتابنامىسىدە پارتىيىنىڭ مىللىي رايونلارغا بولغان تەشەببۇسى ۋە فاڭجېنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1935 - يىلى ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا، پارتىيىمىز «جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش»نى يەنە بىر قېتىم ئېلان قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولۇشىغا ۋە ئىنقىلابىي كۈرەشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. تارىخىي شارائىت ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مۇھىتى چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئازادلىقتىن بۇرۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭدا يەرلىك تەشكىلات قۇرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي كۈرەش ئىزچىل تۈردە شىنجاڭغا تەسىر قىلىپ تۇردى. 30 - يىللاردا پارتىيىمىز چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ، دېڭ فا قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ ماركسىزم - لېنىنىزمنى تارقىتىپ، ئىنقىلابىي خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتتى. بەزى كوممۇنىستلار شىنجاڭنىڭ

ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. پارتىيىمىزنىڭ پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلاب-چىلىرىدىن يولداش جۇ ئېنلەي، چېن يۈن، لى شيەننيەنلەر ئىلگىرى - ئاخىر شىنجاڭغا كېلىپ ئاجايىپ ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى كېڭەيتتى، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىغا كوممۇنىزم ئۇرۇ-قىنى چاچتى. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تەسىرىدە، 1944 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش مەقسەت قىلىنغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» پارتلاپ، جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئازادلىق ئۇرۇشىغا كۈچلۈك ماسلاشتى. 1949 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ جۇشى ئوتتۇرىغا قويغان شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سابىق گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت خادىم-لىرى ھەقىقەتكە قايتىپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق تۆھپە قوشتى. جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ بىرىنچى بىڭتۈەنىنىڭ ئىككىنچى، ئالتىنچى جۈنىدىكى كەڭ كوماندىر - جەڭچىلەر يولداش پېڭ دېخۇەي-نىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدا، يولداش ۋاڭ جېننىڭ باشلام-چىلىقىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋجۇشىنىڭ بۇيرۇ-قىغا ئاساسەن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلدى.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيە شىنجاڭدا شۆبە بيۇرو قۇرۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆزگەرتىشىگە، باندىتلارنى قورشاپ يوقىتىپ، تىۋپەلاڭنى تىنچلاندۇرۇپ، جەمئىيەت تەرتىۋىنى مۇقىملاشتۇرۇشىغا ھەمدە پۈتۈن شىنجاڭدا پارتىيە قۇرۇلۇشى، ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە دېموكراتىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى يەر ئىسلاھاتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. يەر ئىسلاھاتى ئورۇندالغاندىن كېيىن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يەنە ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق، قول سانائەت ۋە خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە بولغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىكى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئورنىتىلىشى شىنجاڭنى بىر يېڭى تارىخىي باسقۇچقا ئېلىپ كىردى، ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ھەقىقىي ئىگىلەپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مىللەتلەر

باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان، ئۆز ئارا ياردەملىشىدىغان يېڭى ۋەزىيەت باشلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەت تىنچ بولغان ۋە ھەر مىللەت خەلقى گۈللىنىپ ئاۋات ئىلگىرىلەيدىغان بەختلىك يېڭى تۇرمۇشىنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلدى.

## 2. يەللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش — مەملىكىتىمىزدىكى مىللەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسەت

ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي زۇلۇمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى قوغداش ئۈچۈن، مىللىي ئېزىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ، ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسى ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ لۇشيەن ۋە فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، بىز مىللىي ئېزىش - ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان ۋە ئورتاق گۈللىنىدىغان يېڭى دەۋرنى ئاچتۇق. بولۇپمۇ دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدىكە بولغان مۇلۇكچىلىك خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى.

پارتىيە ۋە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرىدا ئىنتايىن كۆڭۈل بولۇپ، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا يۈكسەك دەرىجىدە ھۆرمەت قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، 1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى ھەمدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىرى ۋە بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونوم ناھىيىلىرى قۇرۇلدى. بولۇپمۇ 1984 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى، ئەمەلىيلەشتۈردى ھەمدە بىر يۈرۈش كونكرېت قانۇن - نىزام، پەرمانلارنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە تولۇقلاپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ شىنجاڭدا ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسىتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى — دۆلىتىمىزنىڭ بىر مۇھىم سىياسىي تۈزۈمى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ تەركىبىي قىسمى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش — مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسلىق

بەلگىسى. مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدىكى باش پىرىنسىپلارغا ئاساسەن يولغا قويۇلىدۇ. ئۇ ھەم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، دۆلىتىنىڭ بىرلىكى، مۇستەقىللىكىگە ۋە سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلىق، ئاغدۇرمىچىلىققا تاقابىل تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئاكتىپلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئۆز مىللىتىنىڭ شەكلىنى قوللىنىپ، ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان رايوندىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان، ئۆز ئارا ياردەملىشىدىغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ۋەتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشىدا غايەت زور رول ئوينايدۇ.

شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە يەر كۆلىمى ئەڭ چوڭ، مىللەت تەركىبى ئەڭ كۆپ بولغان مىللىي ئاپتونوم رايون. 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، شىنجاڭدا يەر جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، نوپۇس جەھەتلەردە مىسلىسىز دەرىجىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە

كۆرۈلىدۇ: بىرىنچى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمى كۈنسايىن مۇكەممەللەشتى؛ ئىككىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ، گۈللەپ - ياشنايدىغان ھاياتىي كۈچكە تولدى؛ ئۈچىنچى، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئۇچقاندەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ئىقتىسادىي كۈچى زور دەرىجىدە ئاشتى. شىنجاڭدا دەسلەپكى قەدەمدە نىسبىي مۇستەقىل بولغان خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسى شەكىللەندى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىياپىتىدە ئەڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىيلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانى ئەمەلگە ئېشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشى روشەن ياخشىلاندى؛ تۆتىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، پەن-تېخنىكا، تەنتەربىيە ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ساپاسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ بەشىنچى، سوتسىيالىستىك مىللەت مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەملەندى. ھازىر ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىدە تېخىمۇ گۈزەل يېڭى تۇرمۇش قۇرۇشقا تىرىشماقتا.

## 2-بۆلۈم مۇقىم بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى شىنجاڭنىڭ گۈللەپ-ياشنىشىدىكى مۇستەھكەم ئاساس

## 1. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى گەۋدىلەندۈردى

مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مىللىي كەمسىتىشكە ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇش، مىللىي قارىمۇقارشىلىققا ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش — ماركسىزمنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى، شۇنداقلا پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى. بۇ پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى ۋە تارىخىي ۋەزىپىسى ئاساسىدا بەلگىلەنگەن، مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ۋە يۈزلىنىشىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن، ئۇ، ھەر مىللەت پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى. مىللەتلەر باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىشەنمەسلىك، يىراقلىشىش، ئۆچمەنلىشىشنى تۈگەتكىلى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مىللەتلەر باراۋەرلىكىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى بولۇپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىدىلا مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى - ئىلگىرىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 40 يىلدىن كۆپرەك

ۋاقىت جەريانىدا، پارتىيىمىز مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، ئىلگىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە قوللاندى، مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئورنىغا ھۆرمەت قىلىش؛ ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش؛ دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگانلىرىدا زور تۈركۈمدىكى مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىش؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش؛ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئۆرپ-ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئۆزگەرتىش، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش؛ مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان ياكى ھاقارەتلەيدىغان ئاتالغۇ، يەر ئىسمى، ئابىدە - ۋىۋىسكا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا چەكلەش، تۈزىتىش ياكى پېچەتلەش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى ئۈزلۈكسىز گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

پارتىيىنىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى تارىختا پەيدا بولغان مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئارازلىق ۋە ئىشەنمەسلىكنى زور دەرىجىدە تۈگىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى مۇستەھكەملىدى، مىللەتلەرنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا تارىختىن قېلىپ قالغان تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرقلەر يەنىلا مەۋجۇت، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك پاسسىپ ئامىللار يەنىلا ساقلىنىپ تۇرماقتا، بىز چوقۇم پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى مەيدانىدا تۇرۇپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھ ۋە پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق، بۇ مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىز ۋە بۇلارنى ھەقىقىي ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

## 2. يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك

بۇ يىل 1 - ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن مەركەزدە چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنى بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن، ئۇ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يەنىمۇ سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشتە، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، ھەممە بىرنىيەتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك

نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتا غايەت زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى تارىخىدا غايەت زور ھەم چوڭقۇر تەسىر قوزغىغۇسى.

مەركەز مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئىتى، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. بىرلىككە كەلگەن بىزنىڭكىدەك مۇشۇنداق كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، مەيلى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتا بولسۇن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. نۆۋەتتىكى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتتە بۇ مەسىلە بولۇپمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

خەلقئارادىن قارىغاندا، دۇنيا ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، كونا تۈزۈلمە ئاخىرلاشتى، يېڭى تۈزۈلمە شەكىللەنمەكتە، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش تەرەققىيات يۈزلىنىشى تېزلەشمەكتە. نۆۋەتتە، خەلقئارا جەمئىيەت ناھايىتىمۇ ئەنسىز بولماقتا. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شەرقىي ياۋروپانىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەر مۇقەررەر ھالدا تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەدرىجىي ھالدا دۆلىتىمىزگە قارىتىدۇ. ئۇلار دائىم مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، دۆلىتىمىزگە قارىتا سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە

ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنى بۆلۈۋېتىشكە، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇ خىل داۋالغۇپ تۇرغان، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەتكە قارىتا مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سوتسىيالىزم ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق ئىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا يۈكسەلدۈرۈش، مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرۇشى زۆرۈر.

مەملىكەت ئىچىدىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى ئاچقۇچلۇق دەۋرگە كىردى. ئون يىللىق ئومۇمىي پىلان ۋە 8- بەشيىللىق پىلان پروگراممىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلۇغۋار پىلاننى تۈزۈپ بەردى. مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بۇ ئۇلۇغۋار پىلاننى رېئال ئالدىنقى شەرت ۋە تۈپ كاپالەتكە ئايلاندۇردى، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى تۈرلۈك قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بەردى، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇقىملىقىدىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناقلىقىدىن بولدى. بۇ خىل ئاساسىي ۋەزىيەتنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر مەسىلىسىدە ساقلىنىۋاتقان تىنچسىزلىق ئامىللىرىنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز، بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك.

يولداش جياڭ زېمىن مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: يېڭى ۋەزىيەتتە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىزچىل ئىجرا قىلىشى، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەتلەر خىزمىتىنى بەش جەھەتتە نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش كېرەك: (1) ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، تەدرىجىي ھالدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش؛ (2) ئاز سانلىق مىللەت ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ (3) ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش؛ (4) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەش-

تۇرۇش؛ (5) مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداش.

يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: يېڭى تارىخىي دەۋردە، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىكى يادرولۇق مەسىلە-پائال شارائىت يارىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد - مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. بۇ، ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ جىددىي تەلىپى، ھەم سوتسىيالىستىك مىللىي سىياسىتىمىزنىڭ تۈپ پرىنسىپى.

مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا پارتىيىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش تەكىتلەندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى يادرو كۈچ، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللىتىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى يادرو كۈچ. پارتىيىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە، ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. ھەر مىللەت كادىرلىرى، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ماركسىزملىق

مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك. كومپارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيىلىك كادىرلار، مەيلى قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنى تىكلىشى، ئۆزلىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولى ئارقىلىق ئۆز مىللىتىگە ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىغا تەسىر كۆرسىتىپ ۋە باشلامچىلىق قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك.

بىز مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى قىبلىنامە قىلىپ، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى، كونكرېت تەلەپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشلىرىنى يېڭى باسقۇچقا يۈكسەلدۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!

# 3- بۆلۈم ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش

## 1 . ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك

ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە مىللەت نەزەرى- يىسى- مىللەت ۋە مىللەت مەسىلىسىنىڭ تەرەققىيات قانۇ-

نىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن، ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسەت تۈزۈشتىكى نەزەرىيىۋى ئاساسى بولۇپ، ئۇ پرولېتارىيات ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن مىللەت مەسىلىسىنى توغرا كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىش ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، مىللەت مۇئەييەن ئىجتىمائىي تارىخىي باسقۇچنىڭ مەھسۇلى، ئۇ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىشتەك ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئىگە. مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى تەرەققىياتىنىڭ چەكلەپ تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. مىللەتنىڭ قوشۇلۇشى ۋە يوقىلىشى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ

يۈكسەك تەرەققىي قىلىشىغا باغلىق. پرولېتارىيات پارتىيەسى ۋە ھەر مىللەت خەلقى مىللىي مەسىلىگە تارىخىي نۇقتىئى-نەزەر ۋە تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. تارىخىي شارائىتقا ئېتىبار بەرمەسلىك، ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلماسلىق، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش ياكى مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي باسقۇچىدىن ھالقىپ كېتىش، مىللەتلەرنىڭ يوقىلىش غايىسىنى رېئاللىق دەپ قاراشتەك بۇ ئىككى خىل خاتا خاھىشنى تۈزىتىش ۋە ئۇلاردىن ساقلىنىش كېرەك.

مىللەت مەسىلىسى ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى. ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ۋە تەرەققىيات مەسىلىسى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋردە ئوخشاش بولمىغان خاراكتېر ۋە مەزمۇنغا ئىگە، شۇڭا، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋردە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرىدە، مىللىي مەسىلە پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئومۇمىي مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ، بۇ دەۋردە، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىش، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كۆرەشنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىنى تازىلاشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىزم دەۋرىدە، مىللىي مەسىلە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتىكى ئومۇمىي

مەسىلىنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە
ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈك-
چىلىك ئورنىتىلغان، ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى
يوقىتىلغان، شۇنداقلا مىللىي زۇلۇم ۋە مىللەتلەر باراۋەر
بولماسلىقتەك ئىجتىمائىي مەنبە يوقىتىلغانلىقتىن، ھەر
مىللەت خەلقى جەمئىيەتنىڭ خوجايىنى بولدى، ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىردەك بولۇش ئاساسىدا
باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش، ھەمكارلىشىشتەك
يېڭى مىللىي مۇناسىۋەت شەكىللەندى. سوتسىيالىزم
شارائىتىدا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى
دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
قوغداش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش،
ھەممە مىللەت بىرلىكتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتەك
ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە پەن تېخنىكا
ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىش، مىللەتلەرنىڭ
ئورتاق تەرەققىي قىلىشى، ئالغا بېسىشى ۋە گۈللىنىشىنى
پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى — پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ
باش لۇشيەنى، باش سىياسىتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي
قىسمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئېلىمىزدىكى
ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلاب ۋە
قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا، ماركسىزمنىڭ مىللەت نەزەرى-
يىسى، پروگراممىسى ۋە پرىنسىپىنى ئېلىمىزدىكى مىللەت-
لەرنىڭ ۋە مىللەت مەسىلىسىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى

بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىكى جەۋھەر، بىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مىللىي مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىزدىكى تۈپ ئاساس ۋە ئۆلچەم. پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى مول مەزمۇنغا ئىگە، ئۇ بىر قاتار كونكرېت سىياسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسلىقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت. (1) مىللەتنىڭ چوڭ - كىچىك، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىردەك باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ (2) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتەك خوجايىنلىق هوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ (3) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى زور كۈچ بىلەن قوللاش، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش؛ (4) ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە تۈرلۈك كەسپىي خادىملارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش؛(5) هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىغا هۆرمەت قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ (6) هەر قايسى مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە، دىنىي ئېتىقادىغا، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ۋە مىللىي هېسسىياتىغا هۆرمەت قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، دىنىي ئېتىقادىنى، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ساقلاپ قېلىش ۋە

ئىسلاھ قىلىش ئىركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش.

## 2. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك

جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنى تەشكىللەش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق، جۇڭخۇا مىللىتى دۇنيادىكى غايەت زور مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىگە، پارلاق تارىخىي مەدەنىيەت ۋە شانلىق كەلگۈسىگە ئىگە ئۇلۇغ مىللەتلەرنىڭ بىردەكلىك گەۋدىسىدۇر. ھەر قايسى مىللەتلەر بىرلىككە كەلگەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ئورتاق قۇرغان. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزاق تارىخى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ھەر قايسى مىللەتلەردە سىياسىي جەھەتتە بۆلۈنۈشمۇ بولغان، قوشۇلۇشمۇ بولغان، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئاساسىي ئېقىم، ئىتتىپاقلىشىش، بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئالغا ئىلگىرىلەش ئېلىمىز تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشى، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئالاقىسى ئارقىلىق بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر «قوشۇلۇش پايدىلىق، بۆلۈنۈش پايدىسىز» دېگەن بۇ داۋلىنى چۈشەنگەنلىكتىن، بۆلۈنۈش كۈچلىرى بارغانسېرى ئاجىزلىدى، قوشۇلۇش كۈچلىرى بارغانسېرى زورايدى؛ ئىقتىساد جەھەتتە ئۆز ئارا تايىنىپ، ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈردى. جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بىرلىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىغا قۇرۇلغان، شۇنداقلا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەنگەن، مەدەنىيەت

جەھەتتە، ھەر قايسىسى ئۆزگىچىلىككە ئىگە، ئۆز ئارا قوبۇل قىلىغان. ھەر قايسى مىللەتلەر كۆپ خىل تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا، ئۆزىگە خاس پارلاق ۋە شانلىق مىللىي مەدەنىيەتنى ياراتقان، بۇ مەدەنىيەتلەر ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ھەم ئۆز ئارا تەسىر كۆرسەتكەن، ئۆز ئارا سىڭىشكەن، نىسبەتەن ئورتاقلىققا ئىگە، شۇنىڭ بىلەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە، كۆزنى چاقناتقۇدەك مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن. شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە كۆپ مىللەتلىك رايون، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. باي ۋە گۈزەل شىنجاڭنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ئاچقان ۋە گۈللەندۈرگەن.

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مۇقەددەس بۇرچى. ماركسىزم ئەزەلدىنلا بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەۋزەللىكى بولىدۇ، مىللىي ئايرىمىچىلىق ۋە ھوقۇقنى تارقىتىۋېتىشكە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ماۋزېدۇڭ مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: «مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — ئىشىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى.» ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە قەتئىي ئىرادىسى، ئۇ ھەم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى، ھەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىزنىڭ كۈچلۈك سىياسىي ئەۋزەللىكىمىز ۋە قىممەتـ

لىك مەنئىۋى بايلىقىمىز. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا
شەكىللەنگەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىتتىپاق ۋە بىرلىككە
كەلگەن پولات قورغىنى بولسا سىرتقى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ
تاجاۋۇزى، ئاغدۇرمىچىلىقىنى ۋە ئىچكى قىسمىدىكى
ئەكسىيەتچى بۆلگۈنچى كۈچلەرنى تارمار قىلىشنىڭ
ئىشەنچلىك كاپالىتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش،
ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتەك ۋەتەنپەرۋەر
ئەنئەنىگە ئىگە. بۈگۈنكى كۈندە، خەلقئارا دۈشمەن
كۈچلەرنىڭ ئېلىمىزگە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، سىڭىپ كىرىش
ۋە «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»كە جىددىي ئۇرۇنۇشى، دۆلەت
ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ
شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىن بۆلۈپ چىقىپ
كېتىشكە ئۇرۇنۇشتەك ئېغىر خەۋپكە نىسبەتەن، بىز چوقۇم
جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتەك
شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى
قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش، تۆتنى
زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر نىيەت،
بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

مىللىي بۆلگۈنچىلىك — شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا
تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ. مىللىي بۆلگۈنچىلىك
دېگەندە، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، ۋەتەننىڭ
بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىيەت-
چىل سىياسىي تەشەببۇس ۋە ئەكسىيەتچىل ئىجتىمائىي پىكىر

ئىبقەسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ يوقىتىشچىلىك، بۇرژۇئازىيە سىنى-
پىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى
ئىنكاسى. مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ماھىيىتى جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرۇش،
سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش، مىللىي
بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق
سېلىپ، شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن ئايرىپ چىقىشقا
ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت.

مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئەكسىيەتچىل پروگراممىسى
ئاساسەن ئىككى: بىرى، مۇستەقىللىقنى تەرغىپ قىلىپ،
«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ،
شىنجاڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئايرىپ چىقىش؛
يەنە بىرى، مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە مىللىي قارىمۇ-قارشى-
لىقنى تەرغىپ قىلىپ، باشقا مىللەتلەرگە، بولۇپمۇ
خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىپ،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش. بىزنىڭ
مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرىشىمىز دۈشمەن بىلەن
ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، بىر مەيدان قاتتىق سىياسىي
كۈرەش ۋە سىنىپىي كۈرەش. بۆلگۈنچىلەر ئىنتايىن ئاز
ساندىكى كىشىلەر، ئۇلار مىللەت ۋە دىننى تون قىلىپ
ئۆزلىرىنى قوغدىسىمۇ، لېكىن ھەر قانداق مىللەت ۋە دىنغا
ئىشىنىدىغان ئاممىنىڭ ئارزۇسى ۋە مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك
قىلالمايدۇ، ئۇلار چەت ئەللەردىكى جۇڭگوغا، كوممۇنىستىك
پارتىيىگە قارشى كۈچلەرنىڭ گۇماشتىسى، ھەر قايسى
مىللەتلەرنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ

بىرلىكنى قوغدايدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان جەڭگىۋار قوشۇندۇر.

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىسى. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى، بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تۈپ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلە.

بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى جەريانىدا، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك مىللىي سىياسەتلىرىنى چوڭقۇر ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەيدانى قەتئىي، بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بارلىق سۆز - ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي پاش قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىشى كېرەك.

## 4. بۆلۈم ھەر مىللەت خەلقى تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك

### 1. شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنىڭ پۇرسىتى ۋە كەلگۈسى

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش —

سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. پارتىيىنىڭ 13- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 7- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونىمىز بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدىكى ۋە 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ نىشانى، ۋەزىپىسى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. 90- يىللار شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ھالقىلىق ئون يىل. ئازادلىقتىن بۇيان ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، ئاپتونوم رايوننىڭ ئون يىللىق ئومۇمىي پىلانى ۋە 8- بەش يىللىق پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئارقىدا، لېكىن تەرەققىياتتىكى يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور. ھازىر بىز كۆپ تەرەپلىمىلەپ پايدىلىق شارائىت ۋە پۇرسەتكە ئىگە بولدۇق: (1) شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىپ، ئېچىش - گۈللەندۈرۈش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن مۇقىم

ئىجتىمائىي مۇھىت ياراتتى. ھەر مىللەت خەلقى «مۇقىملىقنى ئويلاش، ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەش، تەرەققىياتقا ئىنتىلىش، قۇدرەت تېپىشنى قولغا كەلتۈرۈش» تەك ئورتاق ئىرادە بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن غايەت زور كۈچ بولۇپ ئۇيۇشتى؛ (2) دۆلەت نېفىت سانائىتىگە قارىتا «شەرق قىسمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، غەربىي قىسمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى يولغا قويۇپ، زور كۈچ بىلەن شىنجاڭدا نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش ئېلىپ باردى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك سانائەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلەتتى؛ (3) دۆلەت سانائەت سىياسىتىگە قارىتا مايىللىق مۇھىم تەدبىرنى يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە ئېنېرگىيە، قاتناش، خام ئەشيا سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ ھەمدە يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەپ، رايونلار ئىقتىسادىنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىش ۋە تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى پائال قوللاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بايلىق جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئۈستۈنلۈكىنى رېئال ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى؛ (4) ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق ئىككىنچى كۆۋرۈكىنىڭ پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە شىنجاڭنىڭ قۇرۇقلۇق چېگرىسىدا سىرتقا قارىتا

ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتەك يەر شارائىتى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش، «ئىچكى جەھەتتە بىرلەشتۈرۈش، سىرتتىن كىرگۈزۈش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە چىقىرىش» نى كېڭەيتىش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى؛ (5) 40 يىلدىن كۆپرەك، بولۇپمۇ يېقىنقى ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىكى ئېچىش - كۆللەندۈرۈش ئارقىلىق، شىنجاڭ مەلۇم ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن مەلۇم ماددىي تېخنىكا ئاساس يارىتىلدى؛ (6) دۆلەت ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار شىنجاڭغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى.

يەنە بىر تەرەپتىن، بىزنىڭ كېيىنكى ئون يىل ۋە 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە بىر مۇنچە قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ساقلىنىدۇ. بۇلار ئاساسەن: خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، سىڭىپ كىرىش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك سېلىشتەك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئىزچىل تۈردە شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىقىغا ئاساسىي خەۋپ بولىدۇ؛ قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ۋەزىيىتىدىكى داۋالغۇش شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىسىنى، ئىقتىسادىي - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتىشكە قارىتا پايدىسىز تەسىر پەيدا قىلىدۇ؛ ئىقتىسادىي ئاساس ئاجىز، قاتناش قولايسىز، بايلىقلارنى قېزىپ تەكشۈرۈش دەرىجىسى تۆۋەن، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاجىز، نوپۇسنى كونترول قىلىش تەس، مەبلەغ كەمچىل، ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشمەسلىك قاتارلىق ئەھۋاللار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى داۋاملىق چەكلەپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، ئاپتونوم

رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پۇرسىتى ناھايىتى ياخشى، قىيىنچىلىقلارمۇ خېلى بار. بىز ھەم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پائال يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز، ھەم قىيىنچىلىقلارنى توغرا تونۇپ، مادارىمىزغا قاراپ ئىش كۆرۈشىمىز، ئالدىراقسانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 90- يىللاردىكى كۈرەش نىشانىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ياخشىلاش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1980- يىلدىكىدىن ئىككى يېرىم قاتلاش، ئون يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.3% ئاشۇرۇش، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1000 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈزۈش (1980- يىلدىكى پۇل قىممىتى بويىچە ھېسابلىغاندا)، خەلق تۇرمۇشىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش؛ دەسلەپكى قەدەمدە يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئايلانما مېخانىزمنى ئورنىتىش؛ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش. سۇ، تۇپراقتىن پايدىلىنىش ۋە نېفىتلىك ئېچىشنى باشلامچى قىلىپ، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئاساسىنى مۇستەھكەملىشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، سۇ ئىنشائاتى، قاتناش، ئېنېرگىيە ۋە خەت - ئالاقە قاتارلىق

ئاساس سانائەت، ئاساس مۇئەسسەسە ۋە گېئولوگىيىلىك كان ئىزلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدىكى ئاشلىق، پاختا، شېكەر، چارۋىچىلىق بازىسى، نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى بازىسى، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە يېمەكلىك سانائىتى بازىسى ھەمدە ئالتۇن ۋە رەڭلىك مېتال سانائىتى، تۇز ۋە خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر سانائىتىنىڭ زاپاس بازىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىشىمىز كېرەك. بىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، كۆزقارىشىمىزنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئېڭىمىزنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىدىغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ پۇختا ئىشلىشىمىز كېرەك.

## 2 . ھەرمىللەت خەلقىنى تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەك

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ بېسىپ ئۆتكەن شانلىق كۈرەش مۇساپىسىنى ئەسلىگىنىمىزدە شۇنداق بىر تەۋرەنمەس ھەقىقەتنى تونۇۋالالايمىز، ئۇ بولسىمۇ: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى، سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ، سوتسىيالىزملا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيەسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ سادىق ۋەكىلى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ نىجات يۇلتۇزى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بولمىغان بولسا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولمىغان بولاتتى، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى بولمىغان بولاتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش، بىرلىككە كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چوڭ ئائىلىسىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش — بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەش جەريانىدىكى بىردىنبىر توغرا تاللىشى، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى، ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇقەررەر يول.

يېڭى تارىخىي دەۋردە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە پۈتكۈل كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى: يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىياتىنى

ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشى، دۆلىتىمىزنى قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك.

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. نۆۋەتتىكى مۇرەككەپ، كۆپ ئۆزگىرىۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتتە، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش — بىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىمىز. مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ. تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ۋە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى شىنجاڭدا سىڭىپ كىرىش بىلەن سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش بىلەن ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش كۈرىشى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، بىزدە سەگەك تونۇش ۋە يېتەرلىك ئىدىيىۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش — شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈ-

رۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. شىنجاڭنىڭ تارىخى قايتا - قايتا شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولسا راۋاجلىنىدۇ، گۈللىنىدۇ؛ بۆلۈنسىلا قالايمىقانچىلىق بولىدۇ، خارابلىشىدۇ. ئۇزاق مەزگىللەردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋەتەننى قوغداش، شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئورتاق كۈرەش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى، ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى. شىنجاڭدىكى بارلىق غەلىبە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ غەلىبىسى. بۇنىڭدىن كېيىن بىز شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ساقلاشتا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانىنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. بىز مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ياشىسۇن» دېگەن بايراقنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ۋە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك مىللىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىداش، نەپەسداش، تەقدىرداش بولۇشىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلايلى!

## مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. نېمە ئۈچۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىدا رەھبەرلىك قىلغۇچى قۇدرەتلىك پارتىيە دەيمىز؟

2. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسەت دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

3. نېمە ئۈچۈن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇقىملىقى شىنجاڭنى گۈللەپ ـ ياشنىتىشنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى دەيمىز؟

4. يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر خىزمىتىنى قانداق ياخشى ئىشلەش كېرەك؟

---

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھەبىبە، شىرئەلى، تۇرنان
مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرنان

شىنجاڭ تەشۋىقاتى 新疆宣传 (维吾尔文)

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «شىنجاڭ تەشۋىقاتى»
تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ش ئۇ ئا ر قەرەللىك ژۇرناللار تىزىملىكىدىكى نومۇرى: 1232 (XJ)